# نەپەس يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ھەققىدە

ئاسىيە قادىروۋا

سالامەتلىك بۇلۇڭى

نەپەس يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە ئوڭاي پەيدا بولىدۇ ۋە تېز تارقىلىدۇ. بۇ كېسەللىكلەرنىڭ قوزغىلىشى جىددىي، تارقىلىشى تېز ۋە كەڭ بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تەن-سالامەتلىكىگە، بولۇپمۇ ئۈسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە چوڭ زىيان يەتكۈزىدۇ.

نەپەس يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ ئۇچرايدىغىنى زۇكام، تارقىلىشچان زۇكام، تارقىلىشچان مېڭە زۇلۇن پەردە ياللۇغى، كۆكيۆتەل، قىزىل، ئىسكارلاتىنا، تارقىلىشچان كۆرەن بەز ياللۇغى قاتارلىقلار.

زۇكام ۋە تارقىلىشچان زۇكام نەپەس يوللىرىنىڭ ۋىرۇس ۋە باكتېرىيىلەر بىلەن يۇقۇملىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ. زۇكامغا سەل قاراشقا زادى بولمايدۇ. ۋاقتىدا داۋالىنىپ، ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا ھەمىشە كاناي ياللۇغى، بۇرۇن كاۋىكى ياللۇغى، بادامسىمان تەنچە ياللۇغى ياكى ئۆپكە ياللۇغى قاتارلىق ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى قوزغىتىدۇ. بولۇپمۇ ياشانغانلار، كىچىك بالىلار ۋە تېنى ئاجىز كىشىلەردە ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قالسا خەتەرلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر كىشى زۇكام بولۇپ قېلىشتىن قەتئىي ساقلىنىشى كېرەك.

كىشىلەر يۆتەلگەندە، چۈشكۈرگەندە، گەپ قىلغاندا چاچراپ چىققان تۈكۈرۈك چاچراندىلىرىدا نۇرغۇن ۋىرۇس ۋە باكتېرىيىلەر بولىدۇ. ساغلام ئادەملەر بولۇپمۇ بالىلار ھاۋارايىدا ئۆزگىرىش بولۇش، تەرلەش، سوغۇق ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئورگانىزم ۋە نەپەس يولىنىڭ قارشىلىق كۈچى ئاجىزلاشقاندا نەپەس يولىغا چاپلىشىپ قالغان ۋە ھاۋادىن نەپەس بىلەن كىرگەن ۋىرۇس ۋە باكتېرىيىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆسۈپ، كۆپىيىپ كېسەلنى قوزغايدۇ. نەپەس يوللىرى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، دائىم بەدەن چېنىقتۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرى ئۆينىڭ ئىچى-سىرتىنى تازىلاپ، خىزمەت ۋە مۇھىتنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاپ، ۋاقتى-ۋاقتىدا ئىشىك-دېرىزىلەرنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. كېسەللىك تارقالغاندا بالىلارنى ئاممىۋى سورۇنلارغا ئېلىپ بارماسلىق كېرەك.

## سېرلار تۇغقاندىن كېيىن پارالىچ بولۇپ قالغاندا

ئۆتكۈر ئەلى

سېرلارنىڭ تۇغقاندىن كېيىن، پارالىچ بولۇپ قېلىشى ئوزۇقلۇق، يەم-خەشەك بىلەن بېقىلىشىنىڭ ناچارلىقىدىن بولىدۇ. ئادەتتە دائىم بىر خىلدا يەم-خەشەك بىلەن سېرلارنى باققاندا بۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. سېرلارنى كۆكلۈك قويۇپ بېقىپ، يەم-خەشەكتە مىنېراللىق، كالتسىيلىق ماددىلارنى قوشۇپ بېرىش لازىم. بۇنداق بولمىغاندا تۇغۇتتىن كېيىن پارالىچ بولۇپ قېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. سېرلار پارالىچ بولۇپ قالغاندا مۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ: سۈت بېرىش ناھايىتى تۆۋەنلەيدۇ، بېشىنى ئالدىغا سوزۇپ يان تەرەپكە قارايدۇ، بەلدىن تۆۋەن تەرىپىنىڭ ھەرىكىتى ناچارلىشىدۇ، دەلدەڭشىپ تۇرالمايدۇ، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەيدۇ، ياتقاندا تۆت ئايىغىنى قورساق ئاستىغا يىغىۋالىدۇ. سېرلاردىكى بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشتا ئون پىرسەنتلىك ياكى 50 پىرسەنتلىك يۇقىرى ئوسمۇسلۇق گلۇكوزىدىن 500 مىللىلىتىر، كالتسىي گلۇكوناتتىن 20 گرامدىن 60 گرامنى ئۈچ كۈن ئۈزمەي ئوكۇل قىلىپ سالغاندا، سېرىق تېز ئەسلىگە كېلىدۇ. پارالىچلىنىشنىڭ 2- ۋە كېيىنكى باسقۇچلىرىدا يۇقىرى ئوسمۇسلۇق گلۇكوزا ۋە كالتسىي گلۇكوناتنى ئوكۇل قىلىپ سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېلىندىن يەل بېرىش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش كېرەك.

## كۈن نۇرى چىرىغى ئادەمگە زىيان قىلامدۇ

ھازىرقى زامان پەن تەتقىقاتىنىڭ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا، كۈن نۇرى چىرىغىنىڭ سالامەتلىككە زىيىنى بار ئىكەن. جيەنجاۋ داشۆسىنىڭ تېببىي تەتقىقات مەركىزىدە پسىخولوگىيىنى مەركەزلىك تەتقىق قىلىۋاتقان دوكتور ئاخۇدۇۋېركىنىڭ قارىشىچە، كۈن نۇرى چىرىغى باشنىڭ يېرىم ئاغرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. كىشىلەر كۈن نۇرى چىرىغىنىڭ پىلدىرلىشىنى بايقىيالمايدۇ، لېكىن بۇ خىلدىكى پىلدىرلاش ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئۈزلۈكسىز تەسىر كۆرسىتىدىكەن، شۇڭا، كۈن نۇرى چىرىغى بار ئۆيدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرمۇش كەچۈرگەن كىشىلەر ئۇنىڭ چارچىغانلىقىنى، بېشىنىڭ يېرىمى ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلىدىكەن. بۇ يەنە يۈرەكنىڭ سېلىشىشىنى تېزلىتىۋېتىدىكەن.

«ماقالىلەردىن تاللانما گېزىتى»دىن ئابلىكىم خەمىت تەرجىمىسى

## ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ توك سەرپىياتى قانچىلىك

ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ قۇۋۋىتىنى بىلىۋالغاندىلا، توك سەرپىيات مىقدارىنى ھېسابلاپ چىقىقىلى بولىدۇ. 1000 ۋاتلىق قۇۋۋەتكە ئىگە ئېلېكتىر سايمىنىنى بىر سائەت ئىشلەتكەندە، ئۇنىڭ سەرپ قىلغان توك مىقدارى پەقەت بىر كىلوۋات بولىدۇ. بۇ خىلدىكى سايمانلارنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندە دائىم ئىشلىتىدىغان بىرنەچچە خىل ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ توك سەرپىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1. تېلېۋىزور: ئادەتتە 14 سۆكـ

مىقدارى بىر كىلوۋات بولىدۇ.

2. ئۈنئالغۇ: ئادەتتە قولدا كۆتۈرۈۋالىدىغان قوش كانايلىق ئۈنئالغۇنىڭ قۇۋۋىتى 12 ۋات بولۇپ، 48 سائەت ئىشلەتكەندىن كېيىن، سەرپ قىلىنغان توك مىقدارى بىر كىلوۋات بولىدۇ.

3. توك شامالدۇرغۇچ: ئادەتتىكى 14 سۆڭلۈك توك شامالدۇرغۇچنىڭ قۇۋۋىتى 50 ۋات بولۇپ، 20 سائەت ئىشلەتكەندىن كېيىن، سەرپ قىلىنغان توك مىقدارى بىر كىلوۋات بولىدۇ.

4. كىر ئالغۇ: ئادەتتە كىر ئالـ

بولىدۇ.

5. توڭلاتقۇ: ئادەتتە 100 لىترلىق توڭلاتقۇنىڭ قۇۋۋىتى 110 ۋات بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر

## ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشكە تەسىر يەتكۈزىدىغان ئامىللار

يېشى 40 تىن ئاشقان بولسىمۇ ئوخشاشلا بويتاق يۈرگەن ياكى نىكاھتىن ئاجرىشىپ كېتىپ قايتا نىكاھلانمىغانلار. يېشى 40 قا يەتمەي تۇرۇپلا جورىسى قازا قىلىپ كەتكەنلەر.

ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى جىددىيلىشىپ كەتكەنلەر.

چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ ھاۋا بۇلغىنىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار.

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە كەمدىن كەم قاتنىشىدىغان ياكى پۈتۈنلەي قاتناشمايدىغانلار.

پۈتۈنلەي گۆش ئىستېمال قىلىدىغان، ھەر كۈنى تۆت چىنىدىن ئارتۇق قەھۋە، چاي ئىچىدىغانلار.

دائىم تاماكا چېكىپ، ھاراق ئىچىدىغانلار.

يۈرىكىنىڭ سېلىشى نورمالسىز، ئاۋازى غارال-غۇرۇك بولغان، رېماتىزملىق قىزىتمىسى بار، خولېستېرىن ماددىسى ئادەتتىكى ئادەملەردىن يۇقىرىلار.

خەنزۇچە «ئىلى گېزىتى»دىن پولات ئامانيار تەرجىمىسى



بەر.

چوڭ شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىپ ھاۋا بۇلغىنىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار.

تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە كەمدىن كەم قاتنىشىدىغان ياكى پۈتۈنلەي قاتناشمايدىغانلار.

دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دورا ئىستېمال قىلمايدىغان، كېسەل بولسىمۇ دوختۇرغا كۆرۈنمەيدىغان، ئۆزى خالىغانچە دورا ئىستېمال قىلىدىغان، بولۇپمۇ ئەلكىبەزەر ئالدامچىلارنىڭ دورا- دەرمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئىستېمال قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلار.

ھەر كۈنكى ئۈچ ۋاق تامىقىغا





غۇلجا شەھەرلىك قازان زاۋۇتى مەھسۇلات تۈرىنى كۆپەيتىپ، سۈپىتىنى ياخشىلىدى. بۇ يىل ئۇلار ئىشلىگەن قازان ئىلى ۋىلايىتى بويىچە «ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات»، زاۋۇت ئۆزى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار كوللېكتىپ» بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

سۈرەتنى ئۆز مۇخبىرىمىز ئابدۇمۇتەللىپ ئارۇپ تارتقان.

## نېمىشقا بەزى بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراستى تۆۋەن بولىدۇ

بەزى بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ تۆۋەن بولۇپ قېلىشىدا تۇغما سەۋەبلەردىن باشقا، يەنە ھامىلدارلىق مەزگىلى، تۇغۇت يېقىنلاشقان ۋە بالا تۇغۇلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىشلار مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا بالىلارنىڭ ئەقىل-پاراستى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ.

دۇنيا ساقلىقنى ساقلاش تەشكىلاتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، دۇنيادىكى 1 مىليارد 400 مىليون بالا ئىچىدە 10% بالىنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نورمال ئەمەس ئىكەن. بۇنىڭ مۇنداق بىر قانچە سەۋەبلىرى بار:

1. تەرەققىي قىلمىغان مەملىكەتلەردىكى بالىلار ياخشى ئاسرالمىغاچقا، ئۇلاردا يۇقۇملۇق كېسەل ۋە جاراھەتلىنىش كۆپ. 2. بالىلار ئەقىل - پاراستىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ياكى ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنمەيدۇ. 3. بالا تاپقان ئەر- ئايالنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇش تۈپەيلىدىن بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللانمايدۇ. 4. تەرەققىي قىلغان مەملىكەتلەردىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەممىسى خىزمەت قىلىپ، تۈزۈك دەم ئالالمىغاچقا، بالىلار ياخشى ئاسرالماي جاراھەتلىنىپ، مېيىپ بولىدۇ ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەر بىلەن ئاغرىيدۇ. 5. ئەر - ئاياللارنىڭ ئاجرىشىشى كۈنسېرى كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، بالىلار ئەدەب - قائىدىسىز مۇھىتتا ئۆسۈشكە مەجبۇر بولۇپ قالغاچقا كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرگە ۋە زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا دۇچار بولۇپ چوڭ مېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا زىيان يەتكەن. بۇنداق بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراستى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بوۋاقلارنىڭ تېنىدە بولىدىغان سىنىك ماددىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئانا سۈتىنى ئەمسەلمەسلىك، ئىنتايىن كۆپ جىددىيلىشىش، ھامىلدار ئاياللار قوغۇشۇن تەسىرىگە ئاز مىقداردا ئۇچراش، ياش چوڭايغاندا ھامىلدار بولۇش، بالدۇر يەڭگىپ قويۇش، سۆڭەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش قاتارلىقلارمۇ بالىلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

(ماتېرىيالدىن)




لەتكۈچىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۆۋەندە دائىم ئىشلىتىدىغان بىرنەچچە خىل ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ توك سەرپىيات ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

1. تېلېۋىزور: ئادەتتە 14 سۇڭلۇق رەڭسىز تېلېۋىزورنىڭ قۇۋۋىتى 40 ۋات بولۇپ، 25 سائەت ئىشلەتكەندىن كېيىن، سەرپ قىلىنغان توك

14 سۇڭلۇق توك شامالدۇرغۇچنىڭ قۇۋۋىتى 50 ۋات بولۇپ، 20 سائەت ئىشلەتكەندىن كېيىن، سەرپ قىلىنغان توك مىقدارى بىر كىلوۋات بولىدۇ.

4. كىر ئالغۇ: ئادەتتە كىر ئالغۇنىڭ قۇۋۋىتى 250 ۋات بولۇپ، تۆت سائەت ئىشلەتكەندىن كېيىن، سەرپ قىلىنغان توك مىقدارى بىر كىلوۋات بولىدۇ.

5. توڭلاتقۇ: ئادەتتە 100 لىتىرلىق توڭلاتقۇنىڭ قۇۋۋىتى 110 ۋات بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 24 سائەتتە سەرپ قىلىنغان توك مىقدارى بىر كىلوۋات بولىدۇ.

پولات ئامانيار
تەرجىمىسى

## گۇاڭشى ئۆلكىسىدىن سىياتېيا ئۆسۈملۈكى تېپىلدى

يېقىندا گۇاڭشى ئۆلكىسى خېچى رايونى سەنپىڭخۇ سۇ مەنبەسى ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش پونكىتىدىكى تېخنىك خادىملار بۇ ئورمانزارلىقتىكى ئۆسۈملۈكلەر تۈرىنى تەكشۈرگەندە، بۇ ئورمانزارلىقتىن ئېلىمىزدە ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان سىياتېيا ئۆسۈملۈكىدىن 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق تېپىلغان. ئۇنىڭ غولىنىڭ ئېگىزلىكى تۆت مېتىردىن سەككىز مېتىرغىچە، ئەڭ ئېگىزى سەككىز مېتىردىن ئاشىدۇ. ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 28 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈپىگە تەخمىنەن 200-300 يىل بولغانىكەن. سىياتېيانىڭ غولى كۆك، شاخلىرى كۆركەم، شەكلى خۇددى يامغۇرلۇققا ئوخشاش بولۇپ، يوپۇرماقلىرى يېيىلىپ پەي تۈسىنى ئېلىپ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا خاتىرىلىنىشىچە، سىياتېيا ئۆسۈملۈكى 200 مىليون يىل ئىلگىرىكى يەر شارىدا بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن بىر خىل چوڭ تىپتىكى ياغاچ غوللۇق پاپوروتنىكلار ئىكەن. كېيىن جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى، ھاۋا كىلىماتىنىڭ زىيان يېتىشى بىلەن سىياتېيانىڭ كۆپىنچىسى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈككە ئۆزگىرىپ، ئۇرۇقى يوقالغان. پەقەت ئاز سانىدىكىلىرىلا ياخشى تەبىئىي ئورمانلىق شارائىتىدىلا ئۆسەلىگەن. بۈگۈنكى دۇنيادا ئۇنى ئۇچرىتىش ناھايىتى تەس. ئېلىمىزنىڭ گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى چىشۇ يېزىسىدىمۇ 20 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق سىياتېيا ئۆسۈملۈكى بارلىقى مەلۇم بولدى.

بۇ سىياتېيا ئۆسۈملۈكىنىڭ تېپىلىشى قەدىمىي بوتانىكا، قەدىمىي كىلىماتولوگىيە، قەدىمىي جۇغراپىيە، قەدىمىي ئېكولوگىيىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنى ئەۋرىشكە بىلەن تەمىنلىدى.

ئېلىۋەر قاسىم تەرجىمىسى

## R ھەرپىنىڭ بىر نەچچە تۈرلۈك مەنىسى

△ تېلېۋىزوردا كۆرۈلىدىغان «R» ھەرپى بولسا ئاستا كۆرۈنۈشنى ياكى ئاساسلىق ئاڭلىتىشلارنى بىلدۈرىدۇ.

△ دوختۇرخانىلارنىڭ رېتسېپ قەغىزى ئۈستىگە يېزىلغان «R» ھەرپى بولسا، تۆۋەندىكى دورىلار ئىشلىتىلىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

△ ئېلېكترون ئىلمىدىكى «R» ھەرپى بولسا قارشىلىقنى (جىسىملارنىڭ توك ئېقىمىغا بولغان قارشىلىقىنى) بىلدۈرىدۇ.

△ گېئومېترىيە ئىلمى ۋە ھەر خىل قۇرۇلۇش خەرىتىلىرىدىكى «R» ھەرپى بولسا، رادىئۇسنى ئىپادىلەيدۇ.

△ ئىمپورت قىلىنغان ماللارنىڭ چۈشەندۈرۈشىدىكى «R» ھەرپى بولسا، تىزىمغا ئالدۇرۇلغان سودا ماركىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

△ پوچتا - تېلېگراف، خەت-ئالاقە ئىشلىرىدا قوللىنىلىدىغان «R» ھەرپى دەل شۇ چاغدا ئېنىقلانغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئابلىكىم ھاپىز تەرجىمىسى

